سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر

# مۇھت ئاسراش قەدىمى باشلاندى

يېڭى جۇڭگونىڭ قايناام - تاشقىنلىق يىللىرى

1971 - يىلى قىشتىن 1972 - يىلىنىڭ بېشىغىچە، گۈەنتىڭ سۇ ئامبىرىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا زور مىقداردا بېلىق تۇردىكىلەرنىڭ ئۆلگەنلىكى بايقالغان، تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئاساسلىقى سانائەت پاسكىنا سۈيىنىڭ سۇ ئامبىرى سۇ مەنبەسىنى بۇلغانلىقىدىن بولغان. زۇڭلى جوۋ ئېنلەي مۇھىت ئاسراش خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىغا خېلىلا بالدۇر دىققەت قىلغان، بۇ بۇلغىنىش ۋەقەسى ئۇنىڭغا مۇھىت ئاسراشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى تېخىمۇ تونۇتقان.

جوۋ ئېنلەينىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، جۇڭگو بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى قانۇنلۇق ئورنى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىنكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئەۋەتىپ، 1972 - يىلى 6 - ئايدا شۋېتسىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىنسانلار مۇھىت يىغىنىغا قاتناشتۇرغان. ۋەكىللەر ئۆمىكى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، جوۋ ئېنلەي دەرھال پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرلىك مۇھىت ئاسراش يىغىنى ئېچىش توغرىسىدا كۆرسەتمە بەرگەن.

1973 - يىلى 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە، 1 - قېتىملىق مەملىكەتلىك مۇھىت ئاسراش يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلغان. يىغىندا مۇزاكىرە قىلىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش داۋامىدا دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىت بۇلغىنىش ۋە ئېكولوگىيەنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى جەھەتتىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەر تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، مەسىلەن، دالىيەن قولتۇقى، جياۋجوۋ قولتۇقى، گۇاڭجوۋ قاتارلىق جايلاردىكى دېڭىز قولتۇقى بۇلغىنىشىنىڭ ئىنتايىن ئېغىرلىقى، ئورمانلىقلارنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى، ئوتلاقنىڭ چېكىنىپ كېتىشى، سۇ - تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنىڭ ئېغىرلاشقانلىقى، بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ مۇھىت مەسىلىسىنىڭمۇ بىرقەدەر مەركەزلەشكەنلىكى كىشىلەرنى چۆچۈتكەن. مەركەز يىغىنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى خەلق سارىيىدا ھەر ساھەدىكى ۋەكىللەر قاتنىشىدىغان 10 مىڭ كىشىلىك يىغىن ئېچىشنى قارار قىلغان. گو ۋۇيۈەن رەھبەرلىرىدىن لى شيەننيەن، خۇا گوفېڭ، يۈ چيۇلى يىغىنغا كېلىپ سۆز قىلغان.

يىغىندا ئۈچ جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلگەن: بىرىنچى، مۇھىت مەسىلىسىدە «ھازىر تۈتىساقمۇ كېچىكمەيمىز» خۇلاسىسى چىقىرىلغان؛ ئىككىنچى، «ئومۇميۈزلۈك پىلانلاش، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۈنۈپىرسال پايدىلىنىش، زىياننى پايدىغا ئايلاندۇرۇش، ئاممىغا تايىنىش، كۆپچىلىك قول سېلىپ ئىشلەش، مۇھىت ئاسراش، خەلققە بەخت يارىتىش» دۆلىتىمىزنىڭ تۇنجى مۇھىت ئاسراش خىزمەت فاڭجېنى قىلىپ بېكىتىلگەن؛ ئۈچىنچى، دۆلىتىمىزنىڭ تۇنجى مۇھىت ئاسراشتىكى قانۇن - نىزام خاراكتېرلىك ھۆججىتى قاراپ چىقىپ ماقۇللانغان.

بۇ قېتىمقى يىغىندا جۇڭگو مۇھىت ئاسراش ئىشلىرىنىڭ مۇقەددىمىسى ئېچىلغان. يىغىندىن كېيىن، مەركەزدىن يەرلىككىچە ئارقا - ئارقىدىن مۇھىت ئاسراش ئاپپاراتلىرى قۇرۇلغان، مۇھىت ئاسراشقا ئالاقىدار قانۇن - نىزاملار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئېلان قىلىنغان، بىر تۈركۈم چەت ئەلنىڭ ئىلغار مۇھىتنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلىرى ئارقا - ئارقىدىن دۆلەت دەرۋازىسىدىن كىرگۈزۈلگەن. 1974 - يىلى، گوۋۇيۈەن مۇھىت ئاسراش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ھەم ئۇنىڭ ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، پۈتۈن مەملىكەت مۇھىت ئاسراش خىزمىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

جوۋ ئېنلەينىڭ تۈرتكىسىدە، دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىت ئاسراش ئىشلىرى جاپا - مۇشەققەتتە باشلانغان، ئىنتايىن قىممەتلىك.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تېلېگراممىسى)



10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ سايباغ رايونى 1 - ئاۋغۇست تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ گوداۋ مەھەللىسىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزاسى بايرام مەزگىلىدە ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرغان مۇھىت تازىلىقى ئىشچىلىرىدىن ھال سورىماقتا.

□ مۇخبىرىمىز خەن لياڭ فوتوسى

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار ئەجرىسى

# چېن گې:
# خۇاڭ جىگۇاڭچە قەھرىمان خەلق ساقچىسى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چاڭچۈن، 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر شۆ چېنفېڭ) جىلىن شەھىرى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىنىڭ ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە سارىيىدا مۇنداق بىر قەھرىمان بار، ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى جىلىن تۇپرىقىدا كەڭ تارقالغان. ھەر يىلى چىڭمىڭ مەزگىلىدە، جىلىننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىلىرى ۋە ئاممىا قەبرىستانلىققا كېلىپ، بۇ قەھرىماننى ياد ئېتىدۇ. بۇ دەل خەلق ساقچىسى چېن گې. 40 نەچچە يولۇچىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، ئۇ تېنى بىلەن جىنايەت گۇماندارى پارتلاتقان گىراناتنى بېسىۋېلىپ، قەھرىمانلارچە ھاياتىنى تەقدىم قىلغان.



چېن گېنىڭ سۈرىتى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

چېن گې 1958 - يىلى تۇغۇلغان، ھايات ۋاقتىدا جىلىن ئۆلكىسى جىلىن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى چاڭيى شۆبە ئىدارىسىنىڭ خەلق ساقچىسى ئىدى. 1984 - يىلى 2 - ئايدا، جىلىن شەھىرى لۇڭتەن رايونى جىلىن خىمىيە سانائىتى شىركىتى خىمىيەۋى ئوغۇت زاۋۇتىنىڭ ئائىلىلىكلەر ئولتۇراق رايونىدا پەۋقۇلئاددە زور پارتلاش ۋەقەسى يۈز بەرگەن. خەلق ساقچىلىرى جىنايەت گۇماندارى خۇ Xنىڭ ئۆيىنى تەكشۈرگەندە، ئىككى گىرانات قوغداش قاپقىقى، گىرانات پارتلىتىشقا ئىشلىتىدىغان تۆت ئوق پىلتىسى، بومبا ئوراشقا ئىشلىتىدىغان موم قەغەز پارچىسى ۋە ئاز مىقداردىكى پارتلىتىش دورىسى ئۇۋۇقى ھەمدە ئىككى جىنايەت گۇماندارى قالدۇرغان «ۋەسىيەتنامە»نى بايقىغان.

جىنايەت گۇماندارىنى تېز تۇتۇپ، بىخەتەرلىك يوشۇرۇن خەۋپىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، چېن گې بىلەن خىزمەتدىشى سۇڭخۇاجياڭ دەرياسى چوڭ كۆۋرۈكىنىڭ جەنۇبىي ئۇچىدا توسۇپ تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغان. چېن گې نەچچە كېچە - كۈندۈز جەڭ قىلغان ھارغىنلىقنى يېڭىپ، زېھنىنى يولدىن ئۆتكەن پىيادىلەر ۋە ئۆتكەن - كەچكەن ئاپتوموبىللارنى توسۇپ تەكشۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، ھېچقانداق يىپ ئۇچىنى نەزەرىدىن ساقىت قىلمىغان.

2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى سائەت 19دىن 35 مىنۇت ئۆتكەندە، چېن گې بىلەن خىزمەتدىشى جىلىن ۋوگزالىدىن لۇڭتەن رايونىغا قاراپ كېتىۋاتقان تىراللىبۇسقا چىقىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ۋاگوننىڭ ئالدى قىسمىدا ئولتۇرغان ئىككى يولۇچى ئالدىراپ - تېنەپ ئورنىدىن تۇرغان. چېن گې ئىككى كىشىنىڭ تەقى - تۇرقىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، قوغلاپ تۇتماقچى بولۇۋاتقان ئىككى جىنايەت گۇماندارىغا ئوخشاتقان. چېن گې بىلەن خىزمەتدىشى دەرھال قىستاپ زەربە بېرىش ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئىككى گۇمانلىق كىشىنىڭ يېنىغا قىستاپ كەلگەن.

جىنايەت گۇماندارى خۇ X ئۇشتۇمتۇت ئۆرۈلۈپ، ئالاقزادىلىك بىلەن گىراناتنىڭ ھالقىسىنى تارتىۋەتكەن. بۇ ۋاقىتتا تىراللىبۇستا يولۇچىلار بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، ئەگەر گىرانات پارتلاپ كەتسە، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋالدا، چېن گې ئىككى قولىنى كەڭ يېيىپ، ئېتىلىپ بارغىنىچە قامەتلىك گەۋدىسى بىلەن جىنايەت گۇماندارىنى مەھكەم قۇچاقلىۋالغان. گىرژىلداپ ئاۋاز چىقارغان گىرانات ئۇنىڭ بىلەن جىنايەت گۇماندارىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىسىلىپ قالغان. «گۈم» قىلغان كۈچلۈك ئاۋاز بىلەن تەڭ، چېن گې ئۆزىنىڭ تېنى بىلەن ھەر تەرەپكە ئۇچقان گىرانات پارچىسىنى توسۇۋالغان، 40تىن ئارتۇق يولۇچىدىن بىرەيلەن يېنىك يارىلانغاندىن باشقا، قالغانلارنىڭ ھەممىسى ئامان قالغان.

26 ياشلىق چېن گې قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان، ئۇ ئىسسىق قېنى بەدىلىگە خەلق ساقچىلىرىنىڭ جاراڭلىق قەسىمىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكەن. ئۇ قۇربان بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا «مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سېپىدىكى 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى» دېگەن شەرەپلىك نام تولۇقلاپ بېرىلگەن، «ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ تەستىقلانغان ھەم «خۇاڭ جىگۇاڭچە قەھرىمان خەلق ساقچىسى» دەپ نام بېرىلگەن.

بۈگۈنكى كۈندە، چېن گېنىڭ قۇربان بولغىنىغا 35 يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ روھى ئالىبۇرۇن جىلىندىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىلىرىنىڭ قېنىغا سىڭىپ كەتتى. چېن گې ھايات ۋاقتىدا تۇرۇشلۇق جىلىن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى چاڭيى شۆبە ئىدارىسىنىڭ تەييارلىق سوراق بۆلۈمى ھازىر قانۇن - تۈزۈم چوڭ ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلدى، 35 يىلدىن بۇيان، بۇ قەھرىماننىڭ كوللېكتىپى ئالدىنقىلارنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، يىللىق قانۇن ئىجرا قىلىش سۈپىتىنى باھالاشتا يىلمۇيىل ياخشى باھاغا ئېرىشىپ، بىر قېتىم كوللېكتىپ 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ ئەنگە ئېلىندى، 16 قېتىم شەرەپ نامىغا ئېرىشتى، 50 نەچچە ئادەم قېتىم خىزمەت كۆرسىتىپ مۇكاپاتلاندى.

# چېڭ فاڭۋۇ: ماركسىزمنى توغرا تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشۇش

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چاڭشا، 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر شې يىڭ) چېڭ فاڭۋۇنىڭ يۇرتى خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ شىنخۇا ناھىيەسى لاڭتاڭ يېزىسى لىشى كەنتىدە، «چېڭ فاڭۋۇ» دېگەن بۇ ئۈچ خەتتىن كەنت ئاھالىلىرى قەلبىدە مەڭگۈ ئىپتىخارلىنىدۇ. گەرچە دەۋر ئۆزگەرگەن، يۇرتتا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ، كەنت ئاھالىلىرى چېڭ فاڭۋۇنىڭ ھېكايىسىنى ھېلىھەم يېقىملىق ۋە تەسىرلىك بايان قىلىۋاتىدۇ ھەم ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا يەتكۈزۈۋاتىدۇ.



چېڭ فاڭۋۇنىڭ سۈرىتى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

چېڭ فاڭۋۇ، 1897 - يىلى 8 - ئايدا خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ شىنخۇا ناھىيەسىدە تۇغۇلغان، ياشلىق چاغلىرىدا ياپونىيەگە بېرىپ ئوقۇپ، 1921 - يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن. 4 - ماي ھەرىكىتىدىن كېيىن، گو مورو قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ياپونىيە ۋە دۆلەت ئىچىدە جاھانگىرلىككە قارشى، فېئوداليزمغا قارشى ئىنقىلابىي مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، داڭلىق ئىنقىلابىي ئەدەبىيات تەشكىلاتى «ئىجادىيەت جەمئىيىتى»نى قۇرغان. 1926 - يىلى 3 - ئايدا، چېڭ فاڭۋۇ شۇ چاغدىكى ئىنقىلاب مەركىزى گۇاڭجوۋغا بېرىپ، گۇاڭدۇڭ داشۆسىدە ئوقۇتقۇچى بولغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، قوشۇمچە خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى قورال - ياراغ باشقارمىسىنىڭ مۇۋەققەت باشقارما باشلىقى بولغان، ماۋ زېدۇڭ، جوۋ ئېنلەي، يۈن دەيىڭ، ليۇ شياۋچى، سۈن بىڭۋېن قاتارلىق نۇرغۇن كوممۇنىستلار ھەمدە لۇشۈن قاتارلىق ئىنقىلابىي مەدەنىيەت ئەربابلىرى بىلەن ئۇچراشقان. بۈيۈك ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، چېڭ فاڭۋۇ شاڭخەي، ياپونىيە ئارقىلىق ياۋروپاغا سەرگەردان بولۇپ بېرىپ، ئىنقىلابنى داۋاملاشتۇرغان، ماركسىزمنى ئۆگەنگەن.

1928 - يىلى 8 - ئايدا، چېڭ فاڭۋۇ پارىژدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ بېرلىن، پارىژ ياچېيكىسىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى «قىزىل نۇر»نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولغان.

1931 - يىلى 9 - ئايدا، چېڭ فاڭۋۇ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 11 - ئاينىڭ باشلىرىدا خۇبېي - خېنەن - ئەنخۇي بازىسىغا كېلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى خۇبېي - خېنەن - ئەنخۇي ئۆلكىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى ھەم ئۆلكىلىك سوۋېت مەدەنىيەت كومىتېتىنىڭ رەئىسى، مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان، كېيىن يەنە قوشۇمچە خۇڭئەن مەركىزىي ناھىيەلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولغان. 1934 - يىلى 1 - ئايدا، چېڭ فاڭۋۇ رۇيجىنگە بېرىپ جۇڭخۇا سوۋېت جۇمھۇرىيىتىنىڭ 2 - قېتىملىق مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ، مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلانغان. يىغىندىن كېيىن، چېڭ فاڭۋۇ مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپىدە قېلىپ خىزمەت قىلغان. 1934 - يىلى 10 - ئايدا، مەركىزىي قىزىل ئارمىيەگە ئەگىشىپ ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان، سەپەر جەريانىدا شۇ تېلى بىلەن بىرلىكتە كادىرلار تۇەننىڭ جېڭۋېيى بولغان.

1935 - يىلى 10 - ئايدا شىمالىي شەنشىگە كەلگەندىن كېيىن، چېڭ فاڭۋۇ مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپى يۇقىرى دەرىجىلىك سىنىپىنىڭ تەربىيەچىسى، ئوقۇتۇش ئىشلىرى مۇدىرى بولغان. 1937 - يىلى پۈتۈن مەملىكەتتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، زور تۈركۈمدىكى ئىنقىلابچى ياشلار پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن يەنئەنگە بارغان. مەركەز شىمالىي شەنشىدە ئاممىۋى مەكتەپ قۇرۇشنى قارار قىلغان، چېڭ فاڭۋۇ مەكتەپ مۇدىرى بولغان. 1939 - يىلى، ئۇ نەچچە مىڭ ياش ئوقۇغۇچىنى باشلاپ دۈشمەن ئارقا سېپىگە بېرىپ، شىمالىي جۇڭگو بىرلەشمە داشۆسىنى قۇرغان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىمالىي جۇڭگو بىرلەشمە داشۆسىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى، سەنشى - چاخار - خېبېي چېگرا رايونى كېڭەش ھەيئىتىنىڭ ھەيئەت باشلىقى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى سەنشى - چاخار - خېبېي مەركىزىي كومىتېت بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، شىمالىي جۇڭگو داشۆسىنىڭ مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلق داشۆسىنىڭ مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى، مەكتەپ مۇدىرى، پارتكوم شۇجىسى، پەخرىي مەكتەپ مۇدىرى، شەرقىي شىمال سىفەن داشۆسى، شەندۇڭ داشۆسىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى ۋە پارتكوم شۇجىسى، مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان.

چېڭ فاڭۋۇ 1934 - يىلى رۇيجىن مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولغاندىن بۇيان، ئىزچىل پارتىيەنىڭ مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ نېمىس تىلى، ئىنگلىز تىلى، ياپون تىلى، فرانسۇز تىلى، رۇس تىلىدىن ئىبارەت بەش خىل تىلغا پىششىق بولۇپ، ئۇزاق مەزگىل ماركسىزمنى تەشۋىق قىلىش ۋە قوغداشقا كۈچ چىقارغان. ئۇ بەش قېتىم «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»نى تەرجىمە قىلغان ھەم «گوتا پروگراممىسىنى تەنقىد» «سوتسىيالىزمنىڭ خىيالدىن پەنگە ئايلىنىشى» «ديۇرىڭغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا» قاتارلىق ماركسىزملىق كلاسسىك ئەسەرلەرنى تېكىست بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەرجىمە قىلغان، ماركسىزمنى توغرا تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشقان. ئۇ ئىنقىلابىي ئەدەبىياتنى تەشەببۇس قىلىپ، نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، ئېلىمىز ئىنقىلابىنىڭ يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان.

1984 - يىلى 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، چېڭ فاڭۋۇ بېيجىڭدا كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان. شۇ يىلى 87 ياشتا ئىدى.

خۇنەن لوۋدى شەھەرلىك مۇزېي 400 كۋادرات مېتىرلىق خاتىرە ئۆيىنى قالدۇرۇپ قويغان بولۇپ، مەخسۇس چېڭ فاڭۋۇنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئىشلەتكەن بۇيۇملىرى، قول يازمىلىرى، ساقلىغان كىتابلىرى قاتارلىق 900گە يېقىن قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى كۆرگەزمە قىلىشقا ئىشلىتىدۇ. «بىز چېڭ فاڭۋۇنىڭ ئىنقىلابىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ‹تىرىلدۈرۈپ›، ياخشى ھېكايە يېزىپ، چاتما رەسىم قىلىپ سىزىپ، يەرلىك، تەتقىقات ئىلمى ۋە يىلتىزنى پەرۋىش قىلىپ روھنى تاۋلاشنىڭ جانلىق دەرسلىكىگە ئايلاندۇرىمىز» دېدى لوۋدى شەھەرلىك مۇزېينىڭ مۇزېي باشلىقى دەي شياۋبو.

# بىر تەسىرلىك سىمفونىيە

(بېشى 1 - بەتتە)

تاغلار بەس - بەستە گۈللىنىش دەۋرىنى مەدھىيەلىدى، دەريالار ئۆركەشلەپ پارتىيەنىڭ شەپقىتىنى كۈيلىدى. تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدىكى ھەممىلا جايدا ئىللىق مەنزىرە بارلىققا كەلدى: ھەر مىللەت كادىرلار ۋە قوشماقلاشقان تۇغقانلار بىرلىكتە ھويلا - ئارانلارنى تازىلىدى، بىرلىكتە دۆلەت بايرىقى، پانۇس ئاستى، بىرلىكتە يەر تۈزلىدى، بىرلىكتە مېۋىلىك دەرەخنىڭ ئەتراپىدىكى توساقلارنى مۇستەھكەملىدى، بىرلىكتە شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىپ ۋەتەنگە بەخت تىلىدى، بىرلىكتە «مەن ۋە مېنىڭ ۋەتىنىم»نى ئېيتتى، بىرلىكتە پروگراممىلارنى كۆردى، بىرلىكتە نازۇنېمەتلەرگە ئېغىز تەگدى...

تۇغقانلار تۇغقانلىرى بىلەن تۇغقانلىق مېھرىنى بارغانسېرى چىڭىتتى. تۇغقانلار ئۆزلۈكسىز بېرىش - كېلىش قىلىش داۋامىدا ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش، ئىدىيە ئالماشتۇرۇش، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق قەلبى بارغانسېرى يېقىنلىشىپ ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشتى.

ۋەتەننى سۆيۈش بۇ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ ئۇزاق داۋاملىشىدىغان ھېسسىيات. «يېڭى جۇڭگو بولمىسا، بىزنىڭ بۈگۈنكى بەختلىك، گۈزەل تۇرمۇشىمىز بولمايتتى. ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز بىزگە ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بەردى، بىز ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ تېخىمۇ گۈللىنىشى، بېيىشى، قۇدرەت تېپىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز.» بۇ ئاساسىي قاتلامدىكى بىر ئامىمنىڭ ئاددىي سۆزى، شۇنداقلا تىيانشان ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ ئورتاق قەلب ساداسى.

(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbplb@126.com)

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)